# ﴿ئاياللارنىڭ ئاياللار بىلەن مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى﴾

[ئۇيغۇرچە]

## ﴿سفر المرأة مع المرأة بدون محرم﴾

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

المفتي: فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نىئمەتۇللاھ

المترجم: منورة بنت نعمة الله

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

نەشر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1432 - 2011

islamhouse.com

# ئاياللارنىڭ ئاياللار بىلەن مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى

9370-نومۇرلۇق سوئال

سۇئال:

سەپەردە ئاياللارغا-ئاياللار مەھرەم ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

جاۋاپ:

بارلىق ھەمدۇ-سانالار جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

ئاياللار باشقا ئاياللارغا مەھرەم بولالمايدۇ. مەھرەم دېگىنىمىز: ئاياللارغا نەسەبدىن هارام قىلىنغان ئەرلەر, يەنى دادىسى ۋە ئاكىسىغا ئوخشاش. جايىز قىلىنغان ئەرلەردىن يولدىشى، يولدىشىنىڭ دادىسى ۋە يولدىشىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش ۋە ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن بولغان دادىسى ۋە ئاكىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئەركەكلەرنىڭ يات ئاياللار بىلەن ئارىلىششى ۋە ياكى ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلىشى جايىز بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن، شۈبھىسىزكى ئۈلارنىڭ ئۈچىنجىسى شەيتان بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن].

ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

(پەزىلەتلىك شەيخ ئەللامە ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ تاللانغان پەتىۋا ۋە ماقالىلار توپلىمى ناملىق ئەسىرى 8-توم 336-بەتتىن ئېلىندى).